# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 11 ـ ئاي

15

يەكشەنبە

维吾尔文 11 月15日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25246 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


## دۇنياغا جۇڭگو ئىدىيەسى، جۇڭگو روھى، جۇڭگو يولىنى تېخىمۇ ياخشى نامايان قىلايلى

### ــــ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پۇدۇڭنى ئېچىش، ئېچىۋېتىشنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

«تىرىشىپ تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ يول ئاچقۇچى ئاۋانگارتلىرىدىن، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ باشلامچىلىرىدىن، «تۆت ئىشەنچ»نى نامايان قىلىشنىڭ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش ئۈلگىلىرىدىن بولۇپ، دۇنياغا جۇڭگو ئىدىيەسى، جۇڭگو روھى، جۇڭگو يولىنى تېخىمۇ ياخشى نامايان قىلىش كېرەك.» پۇدۇڭنى ئېچىش، ئېچىۋېتىشنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات پۈتۈن ۋەزىيىتىدىن چىقىش قىلىپ، پۇدۇڭنىڭ يېڭى مۇساپىدە يۇقىرى سەۋىيەلىك ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئالغا سىلجىتىشىغا ئېنىق تەلەپ قويدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## شى جىنپىڭ جياڭسۇدا تەكشۈرۈشتە بولغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك



11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 13 ـ كۈنىگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ جياڭسۇدا تەكشۈرۈشتە بولدى. سۈرەتتە: 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، شى جىنپىڭ نەنتۇڭ شەھىرى ۋۇشەن رايونى بىنجياڭ تەۋەلىك رايوندا تەكشۈرۈشتە بولغاندا، شەھەر ئاھالىلىرى، ئامما بىلەن سەممىي پىكىر ئالماشتۇرماقتا. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى شېي خۇەنچى فوتوسى



11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 13 ـ كۈنىگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ جياڭسۇدا تەكشۈرۈشتە بولدى. سۈرەتتە: 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، شى جىنپىڭ ياڭجۇ شەھىرى جياڭدۇ سۇچىلىق تۈگۈنى 4 ـ سۇ تارتىش پونكىتىدا، سۇ تارتىش پومپىسىنىڭ ئايلىنىش ئەھۋالىنى كۆرمەكتە. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى شېي خۇەنچى فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، نەنجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا جياڭسۇدا تەكشۈرۈشتە بولغاندا مۇنداق تەكىتلىدى: يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى يېڭى ۋەزىپە، يېڭى تەلەپلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئىگىلەپ، قەتئىي تەۋرەنمەي يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىيات بىلەن بىخەتەرلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداشنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، كۈچەپ ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا نەمۇنىلەردىن بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشتا مۇلازىمەت قىلىشتا ئۈلگە كۆرسەتكۈچىلەردىن بولۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى باشلامچىلىق بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئالدىنقى قاتاردا مېڭىش كېرەك.

11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 13 ـ كۈنىگىچە، شى جىنپىڭ جياڭسۇ ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لوۋ چىنجيەن، ئۆلكە باشلىقى ۋۇ جېڭلۇڭنىڭ ھەمراھلىقىدا، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ نەنتۇڭ، ياڭجۇ قاتارلىق جايلارغا كېلىپ، چاڭجياڭ دەرياسى ۋە قانالنىڭ قىرغاق لىنىيەسى، سۇچىلىق تۈگۈنى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورۇنلىرى قاتارلىق جايلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش قاتارلىقلار توغرىسىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

#### ئاپتونوم رايوننىڭ سىن يىغىنىدا نۆۋەتتىكى، بولۇپمۇ بۇ يىل قىش، كېلەر يىلى ئەتىيازدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى

## دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، ھەقىقىي تۈردە مۇداپىئە سېپىنى مۇستەھكەملەپ، چىڭىتىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قەتئىي قوغداش كېرەك

### چېن چۈەنگو قاتنىشىپ ھەم سۆز قىلدى

### شۆھرەت زاكىر رىياسەتچىلىك قىلدى شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، لى پېڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى كەچتە، ئاپتونوم رايون سىن يىغىنى ئېچىپ، نۆۋەتتىكى، بولۇپمۇ بۇ يىل قىش، كېلەر يىلى ئەتىيازدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو يىغىنغا قاتنىشىپ ھەم سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

#### چېن چۈەنگو ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى

## ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ھالىتىنى ساقلاپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرۈش كېرەك

### شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايون نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، جاڭ چۇنلىن، ۋاڭ مىڭشەن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا 2020 ـ يىللىق مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مۇكاپاتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ھەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئىلغارلارنىڭ

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

## شىنجاڭدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئون نامرات ناھىيەنىڭ قالپىقى ئېلىۋېتىلدى!

### مۇتلەق نامراتلىق مەسىلىسى تارىخىي خاراكتېرلىك ھەل قىلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ليۇ شياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ناھىيە دەرىجىلىك ئىلتىماس قىلىش، ۋىلايەت (ئوبلاست) دەسلەپكى تەكشۈرۈش، ئاپتونوم رايون تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ۋە مەخسۇس باھالاش، تەكشۈرۈش، جەمئىيەتكە ئېلان قىلىش، تەكشۈرۈپ بېكىتىش، چېكىنىپ چىقىشنى تەستىقلاش قاتارلىق تەرتىپلەر ئارقىلىق يەكەن ناھىيەسى، قاغىلىق ناھىيەسى، پەيزاۋات ناھىيەسى، يېڭىسار ناھىيەسى، قاراقاش ناھىيەسى، گۇما ناھىيەسى، لوپ ناھىيەسى، چىرا ناھىيەسى،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 103 ـ قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئاچتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **يۈەن لېي** خەۋەر قىلىدۇ: 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 103 ـ قېتىملىق دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا دۆلەتنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ئالاقىدار يىغىنلىرىنىڭ روھى ئەستايىدىل ئۆگىنىلدى، يەتكۈزۈلدى،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

### ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، قىيىن ئۆتكەلنىڭ قىيىنىغا ھۇجۇم قىلىش

ــــ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئون نامرات ناھىيەنىڭ قالپىقى ئېلىۋېتىلگەن پەيتتە

3 ـ بەتتە